# شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىللە تەجرىبە، ئۇسۇللاردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشنى ھەم داۋاملىق تۈردە ئېھتىياجى بار دۆلەتلەرنى قوللاشنى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىستېمىسى، بولۇپمۇ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشنى قەتئىي قوللايدۇ. جۇڭگو ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش تاماملانغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىپ، ۋاكسىنىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئومۇملىشىشى ۋە سېتىۋالالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى، لېكىن يىغىپ ئېيتقاندا، يەنىلا تىنچلىق ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەۋپسىزلىك كېڭىشى كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر ئۈلگە بولۇشى كېرەك. يەككە تەرەپچىلىك ۋە زومىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار جەزمەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد ۋە خەلق تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئازايتىپ، يەر شارىۋى بايلىق ۋە كۈچنى ئىشقا سېلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قەرزىنى ئازايتىش - كېچىكتۈرۈش، ياردەمنى زورايتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ۋاقتىدا ۋە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇپ، باي - نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەرەققىيات جەزمەن ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو ھەم ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەم كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى خەلقئارا مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، تىرىشىپ ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان يەر شارىدىن ئىبارەت يۇرت - ماكاننى ياخشى قوغداپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە «يېشىل يىپەك يولى»نى پائال بەرپا قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم يەنە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى ماسلىشالماسلىق، ماس كەلمەسلىك مەسىلىسىنى زورايتىۋەتتى. ھەرقايسى تەرەپلەر قانداق قىلىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى، ئەكسىچە ئاغدۇرۇۋېتىپ قايتىدىن باشلىماسلىقى، باشقىچە يول تۇتماسلىقى كېرەك. دۇنيادا پەقەت بىرلا سىستېما بار، ئۇ دەل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىدۇر؛ پەقەت بىر يۈرۈشلا قائىدە بار، ئۇ دەل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىدۇر. جۇڭگو ئەزەلدىن ئىدېئولوگىيە جەھەتتە قارشىلاشمايدۇ، ئەزەلدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ، ئەزەلدىن زومىگەر بولۇش، زومىگەرلىك قىلىشنى ئويلىمايدۇ. بىزنىڭ ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنىمىز 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش. لېكىن، بىزمۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، تەرەققىيات بوشلۇقىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا قاراپ تۇرمايمىز، قەتئىي تۈردە ئۆزىمىزنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايمىز، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغدايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى دۆلەتلەر ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەقدىرى مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇشى كېرەك. دۆلەت، مىللەت، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە چەك - چېگراسىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىزدا تايىنىدىغان يەر شارىدىن ئىبارەت يۇرت - ماكانىمىزنى بىرلىكتە ياخشى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

گۇتېررېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر دۇنيا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق نۇرغۇن كرىزىس ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلدى، بۇ، كۆپ تەرەپچىلىككە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، خەلقئارا ھەمكارلىققا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، كۈچلۈك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. جۇڭگونىڭ ئىزچىل تۈردە كۆپ تەرەپچىلىكنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قەتئىي قوللاپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. جۇڭگونىڭ قوللىشى بولغاندىلا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدىن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلالايدۇ. جۇڭگو دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار مۇھىم، زور تەشەببۇسلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى يۈكسەك ئالقىشلايمەن، جۇڭگونىڭ «يېشىل يىپەك يولى»نى ئورتاق قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىنى قوللايمەن، جۇڭگونىڭ ئافرىقا ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى قوللايمەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەن جۇڭگونىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەم دۇنياغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا تامامەن قۇربى يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش يېڭى مۇساپىسىدە مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم ھەل قىلغۇچ قەدەم قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى چۆرىدەپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، مائارىپ ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، دەرسلىك قۇرۇلۇشىدا دۆلەتنىڭ ئىش ھوقۇقى ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، مائارىپ قىياپىتىدە ئەندىزە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر تەرەپ دەل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مائارىپ ۋە ئۆگىنىشكە قويغان يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلىپىنى ئىگىلەپ، تېخىمۇ يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە تارىخىي يۈكسەكلىك، تېخىمۇ كەڭ خەلقئارا نەزەر دائىرە، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك نەزەر بىلەن، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش، مائارىپ كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشنى پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئۆزلۈكسىز تۈردە مائارىپنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ماسلاشتۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارادىكى ئورنىغا لايىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

مائارىپ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك، مائارىپقا ئوخشاش ئىز باسارلار مەسىلىسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ھەتتا ئۇنى بەلگىلىيەلەيدىغان، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ھەتتا ئۇنى بەلگىلىيەلەيدىغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ھەتتا ئۇنى بەلگىلىيەلەيدىغان باشقا ھېچقانداق بىر كەسىپ يوق. سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ، مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپلەردە ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە، گۈزەللىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئەمگەك تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ساپا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپ ئادىللىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، جەمئىيەت مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئۇيغۇنلاشقان مائارىپ قۇرۇلمىسى، پەن - كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشىنى ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا تېزدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى بىر ئاچقۇچلۇق مەسىلە. دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئېغىر مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، دىققەتنى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيە ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىشى، بولۇپمۇ ئۇل تەتقىقاتنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى مەنبەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. مەۋقەنى دۆلەتنىڭ رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە مۇلازىمەت قىلىشقا قويۇپ، رايون مائارىپ بايلىقىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، نۇقتا، لىنىيە، دائىرە بىرلەشكەن، شەرقىي قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم، غەربىي قىسىم رايونلار ماسلىشىدىغان مائارىپ تەرەققىيات بوشلۇقى ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، مائارىپ مۇلازىمىتى رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مائارىپ ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

مائارىپ گۈللەنسە، دۆلەت گۈللىنىدۇ، مائارىپ كۈچەيسە، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجى، ئىلىم - پەن بىلىملىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ تەخىرسىز بولماقتا. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە مۇلازىمەت قىلىشنى مائارىپنىڭ مۇھىم بۇرچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولساقلا، بىز چوقۇم مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈختا ئاساس سالالايمىز، كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

# ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىخەتەرلىك مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىخەتەرلىك مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرى ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم، زور بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنىڭ جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق سورۇنلار، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاش ۋە تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يېپىق ھالقىسىمان باشقۇرۇش، بالدۇر تۈگىتىش، كىچىكىدە تۈگىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى چىڭىتىشنى ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، توسۇشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئېغىر جازالاپ، قانۇنسىز، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك؛ مەسئۇلىيەت زەنجىرى، تۈزۈم - نەتىجىلىرى، خىزمەت مېخانىزمىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى پۈختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىشتىكى نۇقتىلىق سورۇنلار، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى نۇقتىلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، بىخەتەر يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى

# لى ۋېي ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى لى ۋېينىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشچە، لى ۋېي كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي پارتىيەۋىلىك پرىنسىپى ۋە پەزىلەت تۆۋەن چېكىنى يوقاتقان، پارتىيەنىڭ مەقسىتىدىن ۋاز كەچكەن، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتىن چەتنىگەن، مەركەزنىڭ ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىگە كۆز يۇمۇپ، رەزىل كۈچلەر جىنايەت شايكىسىنىڭ «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولۇپ، جان - جەھلى بىلەن تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارشىلاشقان؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلەتكەن، دەپنە ئىشلىرىغا تەييارلىق كۆرۈش باھانىسىدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇل - مال يىغقان، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ زىياپەت ۋە ساياھەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوبۇل قىلغان؛ شەخسكە ئالاقىدار ئىشلارنى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغان؛ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئادىل ئىجرا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئەتراپىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن، سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىپ پاراۋانلىق ئۆي تەقسىماتىدىن تەكرار بەھرىمەن بولغان، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۆلەشكە تېگىشلىك خىراجىتىنى باشقىلارغا تۆلەتكۈزگەن؛ تۇرمۇشتا ھەشەمەتچىلىككە بېرىلگەن، توپلىشىپ قىمار ئوينىغان، ئەخلاقى بۇزۇلغان؛ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان؛ باشقىلاردىن زور سوممىلىق مال - مۈلۈك ئۇندۇرۇۋالغان، قانۇنسىز قوبۇل قىلغان.

لى ۋېي پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامى، تۇرمۇش ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان ھەم خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش جىنايىتىگە چېتىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ يەنىلا نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، قىلمىشى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈش قانۇنى» «مەمۇرىي ئورگانلاردىكى مەمۇرلارغا چارە كۆرۈش نىزامى» قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، لى ۋېيغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى ئۇنىڭغا خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىش؛ ئۇنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال - مۈلكىنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.

---

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى

# سۇ بياۋ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى سۇ بياۋنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشچە، سۇ بياۋ غايە - ئېتىقادىنى يوقاتقان، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتىن يۈز ئۆرۈگەن، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىدىن قىلچە ئەيمەنمىگەن، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارشىلاشقان؛ شەخسكە ئالاقىدار ئىشلارنى ئەينەن دوكلات قىلمىغان، كادىرلارنى يۆتكەش خىزمىتىدە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگەن؛ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئادىل ئىجرا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ۋە مال - مۈلۈك قوبۇل قىلغان؛ تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەن، چۈشكۈنلەشكەن؛ ئۇ يەنە ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، غايەت زور سوممىلىق مال - مۈلۈك قوبۇل قىلغان، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگەن.

سۇ بياۋ پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامى، تۇرمۇش ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان ھەم پارا ئېلىش جىنايىتىگە چېتىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ يەنىلا نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان، خاراكتېرى قەبىھ، قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈش قانۇنى» «مەمۇرىي ئورگانلاردىكى مەمۇرلارغا چارە كۆرۈش نىزامى» قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، سۇ بياۋغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى ئۇنىڭغا خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىش؛ ئۇنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال - مۈلكىنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.